# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 2 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ قانۇن چىقاردۇق. شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇشى بېجى قانۇنى، يەر خېتى بېجى قانۇنىنى تۈزۈپ، پاتېنت قانۇنى، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇن لايىھەسى، ماركا بېجى قانۇن لايىھەسى، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قانۇنى لايىھەسىنى قاراپ چىقتۇق، خەينەن ئەركىن سودا پورتى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ۋە بېيجىڭ پۇل مۇئامىلە سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردۇق. چىقىرىلغان بۇ قانۇنلار مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇشنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. خەينەن ئەركىن سودا رايونى ۋە ئەركىن سودا پورتى قۇرۇش — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردە يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، خەلقئارا ئادەتكە ئۇيغۇن، دەۋرنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەركىن سودا پورتى قانۇنىنى تۈزۈشتىكى مەقسەت قانۇنچىللىق يولىدا ئېچىۋېتىش قاتلىمى تېخىمۇ يۇقىرى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى تېخىمۇ ئەۋزەل، تەسىر كۆرسىتىش رولى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان ئېچىۋېتىش يېڭى ئېگىزلىكى بەرپا قىلىشتۇر.

جەمئىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ساھەسىگە دائىر قانۇن چىقىرىشنى چىڭ تۇتتۇق. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى (11)نى ماقۇللاپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى، مەمۇرىي جازا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، يېمەكلىك ئىسراپچىلىقىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى لايىھەسى، تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇش قانۇنى لايىھەسى، قانۇن ياردىمى قانۇنى لايىھەسى، ئائىلە تەربىيەسى قانۇنى لايىھەسى، مائارىپ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى قاراپ چىقىپ، خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئىستىكىگە لايىقلىشىپ، ھەم جانلىق ھەم تەرتىپلىك بولغان ياخشى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى قانۇن تىرەككە ئىگە قىلدۇق. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى (11) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر قېتىملىق تۈزىتىش كىرگۈزۈش بولۇپ، 47 ماددىغا تولۇقلاپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، بۇ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، يېمەكلىك ـ دورا، پۇل مۇئامىلە تەرتىپى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى، ئاممىۋى سەھىيە، جانلىقلار خەۋپسىزلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىراۋنىڭ نامىنى سېتىپ مەكتەپتە ئوقۇش ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئاممىۋى ئاپتوبۇسنىڭ رولىنى زورلۇق بىلەن تىزگىنلىۋېلىش، ئېگىزدىن نەرسە تاشلاش، قانۇنسىز مەبلەغ توپلاش، جىنايى جاۋابكارلىق يېشى قاتارلىق يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە ئىنكاس قايتۇردۇق. يېمەكلىك ئىسراپچىلىقىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى لايىھەسىدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، مەدەنىي، ساغلام، ئاقىلانە، ئېشىل ئىستېمال ئىدىيەسى تەشەببۇس قىلىندى. دىققەتنى ئالاھىدە ساھە، ئالاھىدە مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «كىچىك دائىرىلىك» قانۇن چىقىرىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولىنى كېڭەيتتۇق، بۇ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ كەسپىلىشىش، كونكرېتلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ يەنىمۇ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا دائىر قانۇنلارنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈردۇق. شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈملەرنى توپلاشتۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، بۇ نۆۋەتلىكتىن بۇيان، چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش قانۇنى، تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى، قاتتىق تاشلاندۇقنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى قاتارلىق 12 ئالاقىدار قانۇننى تۈزۈپ چىقتۇق ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق، بىر تۈرلۈك قارار چىقاردۇق، سۇلۇق يەرنى قوغداش قانۇنى لايىھەسىنى قاراپ چىقىۋاتىمىز، ئەڭ قاتتىق تۈزۈم، ئەڭ قاتتىق قانۇنچىللىق ئارقىلىق ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى بېكىتىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى قوغدىدۇق. بۇلتۇر 12 ـ ئايدا ماقۇللانغان چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ «ئومۇميۈزلۈك ئاسراشقا ئورتاق كۆچەش، كەڭ كۆلەمدە ئاچماسلىق» ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان پۈتۈن ۋادا توغرىسىدىكى تۇنجى مەخسۇس قانۇنى. بۇ قانۇننى بىر يىل سەرپ قىلىپ تەييارلىدۇق، يەنە بىر يىل سەرپ قىلىپ ئۈچ قېتىم قاراپ چىقتۇق، دائىمىي كومىتېتىمىز يەنە ۋاقتىدا چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قانۇنچىللىق كۈچى ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئىبارەت ئانا دەريانىڭ سۈزۈك سۈيىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ يېشىل تەرەققىي قىلىدىغان ئاساسىي جەڭگاھىغا، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي تومۇرىغا، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەشتىكى ئاساسىي قوشۇنغا ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلدى.

ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى «قانۇن دەستۇرى» نامى بىلەن ئاتالغان قانۇن، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىدىكى ئاساسنى مۇستەھكەملەيدىغان، كۆزلىمنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، كەلگۈسىگە پايدىلىق ئۇل خاراكتېرلىك قانۇن. دائىمىي كومىتېتىمىز ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئالاقىدار ياندىش قائىدە ـ نىزاملار ۋە ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى بىر قاتار يېڭى بەلگىلىمە، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى روھنى ياخشى شەرھلەپ، تەشۋىق قىلىش، ئالغا سىلجىتىش، يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئامما ئارىسىغا يېتىش، خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

**3. قوللاشنى نازارەت قىلىشقا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇردۇق**

قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئاساس قىلىش، قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە بولۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئەمەل قىلىش پرىنسىپىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىگىلەپ، توغرا نازارەت قىلىش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، مەمۇرىي ھوقۇق، رېۋىزىيە ھوقۇقى، سوت ھوقۇقى، تەپتىش ھوقۇقىنىڭ قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.

پىلان ۋە خامچوت، نەق چوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتۇق. 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى تەستىقلىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، قەرەللىك ھالدا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى ئىزلاپ نازارەت قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە، يىغىندا تەستىقلانغان پىلانىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا تېخىمۇ ئاكتىپ، ئەمەلىي ئىشلەش تەلىپى بويىچە، مەركەزنىڭ نەق چوت دوكلاتى، خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، 2019 ـ يىللىق مەركەز نەق چوتنى تەكشۈردۇق ۋە تەستىقلىدۇق. ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ ھەمدە مەخسۇس سۈرۈشتۈرۈپ، تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئىزلاپ نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىي تۈزىتىلىشىگە تۈرتكە بولدۇق. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە باج ـ ھەقتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، باجنى كېمەيتىش ـ ھەقنى تۆۋەنلىتىش بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىش، جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشنى قانۇن تىرەككە ئىگە قىلدۇق.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى كېڭەيتىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتۇق. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت قەرزىنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىرقانچە پىكرىنى تۈزۈپ، خامچوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كېڭەيتىش ئىسلاھاتىنىڭ ئىنچىكە ۋە ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدۇق. خامچوتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، «ئىشتىن بۇرۇن» نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى «ئىش داۋامىدا» نازارەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىشتىن كېيىن» نازارەت قىلىشنى ئەمەلىي ئىشلىدۇق. سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش ئۈنۈمى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت خامچوتىنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇھىم سىياسەت ۋە نۇقتىلىق مەبلەغنىڭ ئۈنۈم ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئۈنۈمنى باھالاش نەتىجىسى بىلەن سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە خامچوت ئورۇنلاشتۇرۇشنى چېتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولدۇق. «توردا» كۆزىتىش بىلەن «تور سىرتىدا» تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خامچوتنى توردا نازارەت قىلىش سىستېمىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خامچوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردۇق.

دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلدۇق. دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، مەسئۇلىيەت ئورنىمىزنى توغرا ئىگىلەپ، نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقى، قېلىپلىقلىقى، مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۈلكىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىشنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلدۇق. 2019 ـ يىللىق دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات ۋە كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتنى ئاڭلىدۇق ۋە قاراپ چىقتۇق. كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكى (پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)نى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ كاپىتال باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە دۆلەت كاپىتالىنىڭ جايلىشىشىنى سەرخىللاشتۇرۇشى ۋە تەڭشىشىگە تۈرتكە بولدۇق. دۆلەت مۈلكىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى تورلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك جايلاردا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىشنى ئومۇميۈزلۈك قاپلاش نىشانىنى ئۈچ يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردۇق.

مەخسۇس خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدۇق ۋە قاراپ چىقتۇق. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىدىكى مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، گوۋۇيۈەننىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پاي چېكى تارقىتىشنى روپىيەتكە ئالدۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مالىيەدىن يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارغا بېرىلىدىغان مەبلەغنى تەقسىملەش ـ ئىشلىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدۇق ۋە قاراپ چىقتۇق. دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ خەلقئارا قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش، زاڭ پۇل ـ زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈسكەنلىكىنى نامايان قىلدۇق، بۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»نى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قانۇن ئىجراسى ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتۇق. گوۋۇيۈەننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق، قېلىپلىق، مەدەنىي، ئادىل ئىجرا قىلىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدۇق. ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى، جىنايى ئىشلار جىنايىتىنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا قانۇن بويىچە مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى، ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپىنىڭ مۇرەككەپ ـ ئاددىيلىق ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئوتتۇرا مەزگىللىك دوكلاتىنى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتنى بويىنىغا ئالغان، جازانى قوبۇل قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى تەتبىقلاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، ھەق تەلەپ سوتىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ئادىللىقى بىلەن ئۈنۈمنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، دېلو بېجىرىشنىڭ سىياسىي ئۈنۈمى، قانۇن ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇردۇق. دائىمىي كومىتېتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز ئېلىپ ـ سېتىش ۋە يېيىشنى ئومۇميۈزلۈك مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى قارار، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى، تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى، خەيرىيەت قانۇنى، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، گوۋۇيۈەننىڭ «بىر قارار، بىر قانۇن»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە قاراپ چىقىش پىكرىنى تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدۇق ۋە قاراپ چىقتۇق، قانۇننى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى زىچ چۆرىدەپ، قانۇن جاۋابكارلىقىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدۇق. دىققەتنى كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇدا ئۈچ يىل ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى، سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى، تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، 22 ئۆلكىدىكى 78 ۋىلايەت، شەھەرنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، 74 مەيدان سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، 170 ئورۇن ۋە تۈرنى يوشۇرۇن زىيارەت قىلىپ، 20 تۈر بويىچە 82 مەسىلىنى رەتلەپ چىقىپ، 143 ئورۇندا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىسمىنى ئاتاپ ئاشكارىلىدۇق. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قوغداش ساھەسىدىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىق ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قانۇنىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ھەمىشە تاغلىرى ياپيېشىل تۇرىدىغان، سۈزۈك سۇلىرى مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى دائىم ساپ بولغان گۈزەل جۇڭگو قۇرۇشنىڭ قانۇنچىللىق كۈچىنى مۇجەسسەملىدۇق.

مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پۇختا ئىشلىدۇق. مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى قىلىپ، كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى تەركىبىدىكىلەر، دائىمىي كومىتېت، مەخسۇس كومىتېت ۋە خىزمەت كومىتېتلىرى 232 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، 307 پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى تەييارلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دائىمىي كومىتېت «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قارارىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، ئاشلىقنى قەدىرلەپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھۋالى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتى، ھۆكۈمەت سېلىنمىسى فوندىنى باشقۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق 6 مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىغا ئالاقىدار مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۆت ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى، ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار ۋە خىزمەت كومىتېتلىرى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، مىللەت، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، مالىيە ـ ئىقتىساد، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە، چياۋمىنلار ئىشلىرى، مۇھىت قوغداش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، 22 پارچە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى شەكىللەندۈردى. كۆپ خىل يول، كۆپ خىل مۇساپە ئارقىلىق، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنىڭ ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىش ۋە قانۇن چىقىرىش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق، شۇنداقلا مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى تەدبىر بەلگىلەش ۋە خىزمەتتە پايدىلىنىشى بىلەن تەمىنلىدۇق.

**4. ۋەكىللەرنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا مەدەت بەردۇق ۋە مۇلازىمەت قىلدۇق**

ۋەكىللەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دائىر «35 كونكرېت تەدبىر»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق.

ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى بېجىردۇق. 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى تاپشۇرغان 506 تەكلىپنىڭ ھەممىسىنى قاراپ چىقىپ تاماملىدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە، 118 تەكلىپكە چېتىلىدىغان 22 قانۇن چىقىرىش تۈرىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدۇق ياكى قاراپ چىقىۋاتىمىز، 168 تەكلىپكە چېتىلىدىغان 58 قانۇن چىقىرىش تۈرىنى قانۇن چىقىرىش يىرىك پىلانى ياكى پىلانىغا كىرگۈزدۇق. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 9180 تەۋسىيەنى 194 بېجىرگۈچى ئورۇننىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردۇق ھەمدە ھەممىسدە ۋەكىللەرگە جاۋاب بەردۇق، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيەلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردىن ھەل قىلىنغىنى ياكى تەدرىجىي ھەل قىلىش پىلانلانغىنى %71.28نى ئىگىلەيدۇ. ۋەكىللەرنىڭ 181 تەۋسىيەسىگە چېتىلىدىغان توققۇز جەھەتتىكى مەسىلىنى بېجىرىشكە نۇقتىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان تەۋسىيە قىلىپ بېكىتىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)